ئۇيغۇرچە | ايغور

# زاكات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ

## پەرز زاكات:

نەپلە زاكات: پەرزدىن باشقا ئىنسان خالىس ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن چىقارغان بارلىق ماللار نەپلە بولىدۇ.

ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

### بەدەننىڭ زاكىتى

ئۇ پىتىر سەدىقىسىدىن ئىبارەتتۇر، ئۇ چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، هۆر بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

### مالنىڭ زاكىتى

ئۇنى شەرىئەت بىكىتكەن بولۇپ: (مەلۇم مالدىن شەرىئەتتە ۋاجىپ بولغان مىقدارنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن نىيىتى بىلەن چىقىرىشتۇر) زاكات بولسا: ئىسلام ئاساسىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىدۇر

ئۇ تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ:

**1 ئالتۇن-كۈمۈش**



ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان تۈرلۈك پۇللار ۋە باشقا نەرسىلەر. ئالتۇننىڭ زاكات مىقدارىغا يېتىش ئۆلچىمى يىگىرمە مىسقال (85 گىرام) كۈمۈشنىڭ زاكات مىقدارىغا يېتىش ئۆلچىمى ئىككى يۈز دىرھەم (595 گىرام).

**2 چارۋىلار**



يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى كۆپ ۋاقىتلىرىدا يايلاقتا ئوتلايدىغان چارۋىلاردىن ئىبارەتتۇر، ئۇلار: تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىقلار.

**3 زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتلار**



ئۇ دانلار ۋە مېۋە-چىۋىلەر.

**4 تىجارەت ماللىرى**



ئۇ ئىلىم-سېتىمغا تەييار قىلىنغان بارلىق ماللاردىن ئىبارەتتۇر.

## زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەر

**1 پېقىرلار:** ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هاجىتىگە يەتكۈدەك نەرسە تاپالمايدىغان ياكى تاپسىمۇ هاجىتىگە يەتمەيدىغان كىشىلەر.

**2 مىسكىنلەر:** ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە كۇپايە قىلىدىغان نەرسىنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنى تاپالايدۇ، مەسىلەن: مىسكىنىنىڭ يىللىق چىقىمىنى 12000مىڭ رىيال دەپ قارىساق، پېقىر 6000مىڭ رىيالغا مىقدارىدا بىر نەرسە تاپالايدۇ ياكى هېچ نەرسىسى يوق بولىدۇ، ئەمما مىسكىن دېگەن: 12000 رىيال تاپالمىسىمۇ 6000 مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنى تاپىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پېقىر ۋە مىسكىنگە ئۇلارنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە يەتكۈدەك بىر نەرسە بېرىمىز، چۈنكى زاكات دېگەن ھەر يىلى پەرز بولىدۇ.

**3 زاكات يىغىدىغان خىزمەتچىلەر:** ئۇلار زاكاتنى يىغىدىغان، ساقلايدىغان، تەقسىم قىلىشقا ۋەكىل قىلىنغان كىشىلەر بولۇپ، رەھبەرلەر ئۇلارنى بۇ ئىشلارغا مەسئۇل قىلىدۇ، ئۇلارغا پېقىر بولۇش دېگەن سۈپەت شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا گەرچە باي بولسىمۇ بۇنىڭدىن بېرىلىدۇ.

**4 دىلىنى مايىل قىلىدىغان كىشىلەر:** ئۇلار مۇسۇلمان بولىشى ئۈمىت قىلىنىدىغان ياكى يامانلىقىدىن ساقلىنىش كېرەك بولغان ياكى ئىمانى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمانىنى كۈچلاندۇرۇش ئۈچۈن زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەردۇر.

**5 قۇل ئازاد قىلىش:** ئۇلار: -1خوجايىنى بىلەن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەلۇم مالغا كېلىشكەن مۇسۇلمان قۇل.
-2مۇتلەق مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىش.
-3ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلماننى قۇتقۇزۇش.

**6 قەرزدارلار:** ئۇلار: -1ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرىمەن دەپ قەرزدار بولۇپ قالغان كىشى.
-2ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن قەرزدار بولۇپ قالغان كىشى.

**7 ئاللاھ يولىدا چىققانلار:** بۇ تۈر ئۇرۇشقا چىققان غازىلارنى ۋە ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان قورال-ياراق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**8 سەپەر ئۈستىدىكى يولۇچى:** ئۇ سەپەر چىقىپ، سەپەر جەريانىدا ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى، ئۇ كىشىگە ئۆز يۇرتىغا كېتىۋالغۇدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ.